سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# شاڭخەي شەھەردە پاي سودىسىنىڭ باشلىنىشى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 1990 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جاڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونىدا ئېچىلغان تۇنجى ئاكسىيە سودا ئورنى ــ شاڭخەي ئاكسىيە سودا ئورنى رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت باشلىدى، بۇ، جۇڭگو كاپىتال بازىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بەزى جايلار پاي تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى. 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شاڭخەي فېيىۋ ياڭراتقۇ شىركىتى پاي چەكلىك شىركەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ئاۋامغا 500 مىڭ يۈەن پاي چېكى تارقىتىپ، پاي تۈزۈمىدىكى تىجارەتنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان پاي چەكلىك شىركەتكە ئايلاندى.

پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە پاي چېكى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئارقىدىن، پاي چېكىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، پاي چېكى سودىسى قىلىش ئېھتىياجى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، شېنياڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا پاي چېكى پوكەي سودىسى پەيدا بولدى. 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شېنياڭ ھاۋالىلىك مەبلەغ سېلىش شىركىتى پاي چېكىنى ۋاكالىتەن سېتىپ ـ سېتىۋېلىپ، پاي چېكى پوكەي سودىسى كەسپىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى شاڭخەي شەھەرلىك شۆبە بانكىسىنىڭ جىڭئەن رايونلۇق تىجارەت بۆلۈمىمۇ پوكەي سودىسى قىلىشقا باشلىدى.

1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن ۋە مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، جۇڭگودا ئاكسىيە سودا ئورنى قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى باشلامچى بولغان، دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ھەم پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئالاقىدار زاتلار قاتناشقان دۆلەت ئاكسىيە باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەشنى قارار قىلدى.

گوۋۇيۈەننىڭ ھوقۇق بېرىشى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شاڭخەي ئاكسىيە سودا ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1990 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شېنجېن ئاكسىيە سودا ئورنىمۇ سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلىدى ھەم 1991 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت باشلىدى.

شاڭخەي، شېنجېن ئىككى سودا ئورنىنىڭ تىجارەتتە پاي چېكىنىڭ مەركەزلىك سودىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پاي تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بۇ، جۇڭگونىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئالغا سىلجىتىشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگونىڭ كاپىتال بازىرى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، بارا ـ بارا خەلقئارا سەھنىگە كىردى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانى ياڭ يۇڭ: پىداكارلىق بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر باۋ شياۋجېڭ) ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ يۇڭ ھايات ۋاقتىدا تۇرۇشلۇق ئوت ئۆچۈرۈش 2 ـ جۇڭدۈيىگە كىرگىنىڭىزدە، ئالدى بىلەن زال ۋە پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۆۋ تارىخى تېمىنى كۆرىسىز، 1989 ـ يىلى خۇاڭداۋ ماي ئىسكىلاتىدىكى «12 ـ ئاۋغۇست» ئوت ئۆچۈرۈش كۆرۈنۈشى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ قېتىمقى ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىدە، ماي باكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغاندا، ياڭ يۇڭ نەق مەيداندا قېلىپ سەپداشلىرى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىللىرىنىڭ چېكىنىشىگە قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ 33 ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى.

ياڭ يۇڭ، ئەنخۇي دىڭيۈەندىن، 1975 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چىڭداۋ پورتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش دادۈيى 2 ـ جۇڭدۈيىنىڭ خەلق ساقچىسى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن جۇڭدۈيجاڭ، جىداۋيۈەن، جۇڭدۈيجاڭ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھەر قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىدە باتۇر، قەيسەر بولۇپ، ئىلمىي قوماندانلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، چىڭداۋ پورتى خۇاڭداۋ ماي ئىسكىلاتىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق ماي باكىنى چاقماق سوقۇۋېتىپ ئوت كېتىپ، ماي رايونىدىكى باشقا ماي باكلىرى ھەمدە 2 ـ قارارلىق ماي رايونى، ماي توشۇش پىرىستانى ۋە چىڭداۋ پورت ئىدارىسىنىڭ تەييار ماي ئىسكىلاتى، خۇاڭداۋ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالغان. سىگنالنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياڭ يۇڭ ئىككى ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنى باشلاپ ئۇدۇل ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا بارغان.

ياڭ يۇڭ لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت ئالدىدا تەمكىن بولۇپ، خادىملارنى تەشكىللەپ 50 تۇڭ كۆپۈك سۇيۇقلۇقنى ئىسكىلاتتىن يۆتكەپ چىقىپ، چوڭ قىسىم يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش جېڭى قىلىشقا تەييارلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ نەق مەيدانغا بېرىپ ئوت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، كۆيىۋاتقان 5 ـ نومۇرلۇق ماي باكىدىن 30 مېتىر يىراقلىقتىكى شامال ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان جايدىكى 30 توننىدىن ئارتۇق بېنزىن، دىزېل مېيى ساقلانغان تۆت تەييار ماي باكىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوتنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئەگەر پارتلاش يۈز بەرسە، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈش ـ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بەلكى ئوت تېز سۈرئەتتە شىمالغا يامراپ، خۇاڭداۋ 2 ـ قارارلىق ماي باكى رايونى ۋە ماي پورتى شىركىتى ماي ئاققۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى بايقىغان. ياڭ يۇڭ ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىغا كەسكىن قوماندانلىق قىلىپ، تەييار ماي باكىغا سۇ چېچىپ سوۋۇتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خادىملارنى ھۆل يوتقان ۋە ھۆل سامان خالتا بىلەن تەييار ماي باكىنى قوغداشقا تەشكىللەپ، ئوتنىڭ شىمالغا يامرىشىنى ئۈنۈملۈك توسقان.

جەڭدە ياڭ يۇڭنىڭ پۇتى يارىلانغان، رەھبەرلەر ئۇنى قىسىمغا قايتىپ ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلغان، ئۇ داۋالاش ئۆيىدە يارىسىنى ئاددىيلا تاڭدۇرۇپ، يەنە دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئالدىنقى سېپىگە قايتىپ كەلگەن. ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىغا تەخمىنەن ئون مېتىر ئارىلىق قالغان جايغا كەلگەندە، 5 ـ نومۇرلۇق ماي باكىغا كەتكەن ئوت تۇيۇقسىز كۈچىيىپ، تېزلىكتە جەنۇبقا قاراپ يامرىغان، ئۇ كۆپ يىللىق ئوت ئۆچۈرۈش تەجرىبىسىگە ئاساسەن دەرھال خەتەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، يۇقىرىدىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ياڭ يۇڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ سەپداشلىرىنى چېكىنىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ چاغدا 4 ـ نومۇرلۇق ماي باكىغا تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ پارتلاپ، ياڭ يۇڭ قۇربان بولغان.

گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ياڭ يۇڭغا «ئوت ئۆچۈرۈش جېڭى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ نام بەرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چىڭداۋ شەھەرلىك كومىتېتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتى «ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چىڭداۋ شەھەرلىك كومىتېتى «چىڭداۋ شەھىرى بويىچە ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

«بىز قەھرىماننىڭ ئىزىنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، سادىقلىق بىلەن مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ، شەخسىيەتسىز، قورقماس بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىقىمىز كېرەك» دېدى چىڭداۋ پورتى ئاۋىياتسىيە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەر يىلدىكى چىڭمىڭدا ۋە «12 ـ ئاۋغۇست»تا، چىڭداۋ پورتى ئاۋىياتسىيە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ يۇڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىلىرىنى ئوت ئۆچۈرۈش جېڭى خارابىسىگە كېلىپ، قەھرىماننىڭ ساداقەتمەن روھىنى ئەسلەشكە تەشكىللەيدۇ.

# ئومۇمىي مەنپەئەتدار مائارىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇش يولىنى بارغانسېرى «كېڭەيتتى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالىمرەنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىگە تۈرتكە بولغىنى شاڭخەي شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى. مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2016 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر 8 مىليارد 367 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساس مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى ياردەم بېرىپ قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئىشلەتتى.

ئالىمرەنىڭ ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا شاڭخەي سەپىرىنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر چەتتە تۇرغان چۇشۇرگە كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گۈلزار ھۇسېيىن ئىنتايىن ھەۋەس قىلدى. 23 ياشلىق گۈلزار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى ئوقۇش يولى كۆپ جاپالىق ئىدى، بۇنداق «راھەت ـ پاراغەتلىك» پۇرسەتنى تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئىلگىرى، چۇشۇرگە كەنتىنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەسلىھەلىرىنىڭ «ئاساس»ى ناچار بولۇپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى ھەم نامرات، ھەم قالاق ئىدى. «بىزنىڭ سىنىپ بىر كونا كېسەك ئۆي ئىدى. يامغۇرلۇق كۈنلەردە، سىنىپقا يامغۇر ئۆتۈپ كېتەتتى، بىز ئامالسىز بىر يانغا قىستىلىشىپ داۋاملىق دەرس ئاڭلايتتۇق» دېدى گۈلزار.

ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «يول يىراق بولغاچقا، كەنتىمىزگە كېلىشنى خالايدىغان ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەينى چاغدا پۈتۈن مەكتەپتە پەقەت ئالتە مۇئەللىملا بار ئىدى، بىر ئادەم ئۈچ يىللىقنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرسىنى ئۆتەتتى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركىزىي ھۆكۈمەت، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر قاتارلىق كۆپلىگەن كۈچلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە(شەھەر)لەرگە توپلىنىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلىشىگە ئالدىن كاپالەتلىك قىلىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى كۈچەيتىپ ياخشىلاپ، يەرلىكنىڭ ئاساسىي مائارىپى ئاجىز بولۇش ئەھۋالىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە مائارىپ مىنىستىرلىقى يولغا قويغان 10 مىڭ ئوقۇتقۇچى مائارىپقا ياردەم بېرىش پىلانى، «ئالاھىدە ئىش ئورنى پىلانى» قاتارلىقلار ئارقىلىق يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن تولۇقلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

ئۈچ قەۋەتلىك كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە يەسلىنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى چۇشۇرگە كەنتىدىكى ئەڭ ئېگىز ئىمارەت بولۇپ قالدى، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىغىمۇ رېشاتكا ئورنىتىلدى. ھازىر ئالىمرە مەكتەپكە بارىدىغان يولدا ئەمدى چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلمەيدۇ، ھەر كۈنى چۈشتە يەنە مەكتەپتە ھەقسىز چۈشلۈك تاماق يېيەلەيدۇ.

«مەكتەپنىڭ قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز زورايدى، بالىلارنىڭ ئوقۇش يولى بارغانسېرى ‹كېڭەيدى›» دېدى چۇشۇرگە كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغىلى ئۈچ يىلغا يېقىن بولغان ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى جاۋ جېڭچياڭ.

كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتقاندىن كېيىن، چۇشۇرگە كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، يەسلىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ھازىر ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە كىردى. تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، شىنجاڭدا 2018 ـ يىلى يەسلى يېشىدىكى بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى %95.95 كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.91كە يېتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساس مائارىپ ئومۇميۈزلۈك قاپلىدى.

«كەلگۈسىدە ئىچكىرى رايونلاردىكى چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇپ، مۇئەللىملىرىمگە ئوخشاش، بىلىمنى كەنتكە ئېلىپ كەلگۈم بار» دېدى ئالىمرە.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# پىداكارلىق كۆرسەتكەن ياڭ جاۋگۇي: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، تېز قوغلاڭلار»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ۋاڭ يەن) «ئەگەر خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇقسام، مەنمۇ دادامغا ئوخشاش قىلچە ئىككىلەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەيمەن!» دېدى يۈننەن ئۆلكىسى شىنپىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئوۋياڭ يەنشۇ.

ئوۋياڭ يەنشۇنىڭ دادىسى ياڭ جاۋگۇي ھايات ۋاقتىدا يۈننەن ئۆلكىسى يۈشى شەھىرى شىنپىڭ يىزۇ ـ دەيزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەھقىقلاش تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدى. جىنايەتچىنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بايقىغاندا، ئۇ قىلچە قورقماي ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان. بەختكە قارشى ئوق تەگكەندىن كېيىن، ئۇ سەپداشلىرىنىڭ ئاۋۋال جىنايەتچىنى تۇتۇشىدا چىڭ تۇرغان، ئۆزى يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ياڭ جاۋگۇي، 1955 ـ يىلى تۇغۇلغان، شىنپىڭ ناھىيەسىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ يېزىدا تۇغۇلغان، يۈشى ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپىنىڭ دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتكۈزگەن، 1977 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنپىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ قانۇن دوختۇرى بولغان. ئۇ ھەر ئايدا ئالىدىغان 40 نەچچە يۈەن مائاشىنى تېجەپ ئىشلىتىپ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئاناتومىيەگە ئائىت كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، كەسپىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزگەن. قاتىللىق دېلوسى مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇ ھەممىشە ئەڭ تېز سۈرئەتتە نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، نەق مەيدان ئەھۋالى مەيلى قانچىلىك جاپالىق بولسىمۇ، مەسئۇلىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل ئادا قىلغان. قانۇن دوختۇرى بولغان 12 يىلدا، ياڭ جاۋگۇي پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەربىر كەنتنى ئايلىنىپ چىقىپ، جەمئىي 300چە تىرىك تەن، جەسەتنى تەكشۈرگەن ۋە ھەممىسىدىن توغرا يەكۈن چىقارغان.

ياڭ جاۋگۇي خەتەر ئالدىدا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا ئادەتلەنگەن. بىر قېتىم، ساقچىلار تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەت گۇماندارىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتقان، قايتقاندا بىر تىك ياردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ناۋادا جىنايەت گۇماندارى قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تىك ياردىن چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ياڭ جاۋگۇي تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، جىنايەت گۇماندارىنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپ، بۇ يولدىن ئۆتكەن.

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شىنپىڭ ناھىيەلىك ئىشچىلار كۇلۇبى، مەدەنىيەت سارىيىدىن قىممىتى 1000 يۈەندىن ئاشىدىغان سىنئالغۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ئوغرىلانغان. مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياڭ جاۋگۇي خىزمەتداشلىرى بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ ئىنچىكە تەكشۈرگەن. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە، ئىشچىلارنىڭ كۆكتاتلىقتىكى كەپىدىن بىر سىنئالغۇ ۋە بىر قىسىم سىن لېنتىلىرىنى تېپىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ياڭ جاۋگۇي دەرھال بېرىپ ئەھۋالنى ئىگىلىگەن ھەم بۇنىڭ ئوغرىلانغان زاڭ مال ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى زاڭ مال بايقالغان نەق مەيداندا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ جىنايەتچىنى تۇتۇشنى قارار قىلغان ھەم بىر نەچچە ساقلاش نۇقتىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ چاغدا، ياڭ جاۋگۇينىڭ ۋەزىپىسى تاماملانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چارچىغىنىغا قارىماي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ساقلاش نۇقتىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

سەھەر سائەت 4لەر ئەتراپىدا، يەنە بىر ساقلاش نۇقتىسىدىكى يولداشلار بىر ئېگىز، بىر پاكار ئىككى ياشنىڭ تىمىسقىلاپ زاڭ مال يوشۇرۇلغان جايغا كېتىۋاتقانلىقىنى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ ئىنتايىن گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئېگىز بويلۇق ياش تار كوچىدىن چىقىپ شەپىنى كۆزىتىپ، يەنە ئەسلىدىكى يولنى بويلاپ قايتقان. قارشى تەرەپنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياڭ جاۋگۇي بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزى يالغۇز تۈيدۇرماي ئىز قوغلاپ ماڭغان. سۈرەتخانا ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، پاكار بويلۇق ياش بىر بولاق نەرسىنى كۆتۈرۈپ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان. جىنايەتچى بىلەن ئۇدۇل دوقۇرۇشۇپ قالغان ياڭ جاۋگۇي سەپداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامالسىز قالغان، ئۇ دەرھال: «توختا!» دەپ توۋلىغان. پاكار بويلۇق ياش زاڭ مالنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن قېچىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، تاپانچىنى چىقىرىپ ياڭ جاۋگۇيغا ئوق چىقارغان. ياڭ جاۋگۇينىڭ قورسىقىغا ئوق تېگىپ، ئارتېرىيە تومۇرى يېرىلىپ، قان توختىماي ئاققان. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان سەپداشلىرى يېتىپ كېلىپ ئۇنى يۆلىگەندە، ئۇ ناھايىتى قىيىنىلىپ تۇرۇپ: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، گۇمانداردا قورال بار ئىكەن، تېز قوغلاڭلار!» دېگەن. ئارقىدىن، ئۇ دەرھال دوختۇرخانىغا قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ بېرىلغان. تاڭ سەھەر سائەت 5 تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ياڭ جاۋگۇي يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان. شۇ يىلى، ياڭ جاۋگۇي يۈننەن ئۆلكىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ۋە 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ نام بېرىلگەن.

ياڭ جاۋگۇي قۇربان بولغاندا، قىزى ئوۋياڭ يەنشۇ تېخى ئالتە ياشقا كىرمىگەنىدى. «دادامنىڭ تۆكەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەن پەقەت چوڭلارغا ئەگىشىپ يىغلاشنىلا بىلىدىم.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا دادىسى بولمىغاچقا، ئۇ ئازابلانغان، چۈشكۈنلەشكەن ئىكەن. لېكىن دادىسىنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ بارا ـ بارا ساقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپكە قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغان. گەرچە دادىسى ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۇلۇغ سۆيگۈ ئوۋياڭ يەنشۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنى ساقچى بولۇش ئىرادىسىگە كەلتۈرگەن.

2005 ـ يىلى، ئوۋياڭ يەنشۇ يۈننەن ساقچى ئوفىتسېرلار شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دادىسىغا ئوخشاش شىنپىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولدى. تاغلىق رايون ساقچىخانىسىدا ئىشلىگەندىن تارتىپ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىدە ئىشلىگەنگىچە، بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۇنىڭ ساقچى بولغىنىغا 14 يىل بولۇپ قالدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، قەھرىماننىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا 30 يىل بولدى. 30 يىلدىن بۇيان، ھەر يىلدىكى چىڭمىڭدا، شىنپىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قەھرىماننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنى ياڭ جاۋگۇينىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ سادىق روھىنى ياد ئېتىپ، قەھرىماننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا تەشكىللەپ كەلمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)